# كۆينەك، سەللە، ئىشتان، پەرنچە، ئۆتۈك، كەيمەيدۇ، پەقەت ئايىقى يوق كىشلا ئۆتۈكنىڭ قونجىنى ئوشۇقتىن تۆۋەنرەك كېسىۋېتىپ كىيسۇن

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: بىر كىشى: ئى رەسۇلۇللاھ ئىھرام باغلىغۇچى كىيىملەردىن نېمىنى كىيسە بولىدۇ، دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كۆينەك، سەللە، ئىشتان، پەرنچە، ئۆتۈك، كەيمەيدۇ، پەقەت ئايىقى يوق كىشلا ئۆتۈكنىڭ قونجىنى ئوشۇقتىن تۆۋەنرەك كېسىۋېتىپ كىيسۇن، خۇش-پۇراق ئىشلەتكەن كىيىملەرنى كىيمىسۇن، دېدى. بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: ئايال كىشى نىقاب ئارتمىسۇن، پەلەي كىيمىسۇن، دېگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ساھابىلار ئىھرامنىڭ نۇرمال ۋاقىتلاردىكى كىيىملەردىن پەرىقلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇ سەۋەبتىن بىر ئەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىھرام باغلۇغۇچى كىيسە دۇرۇس بولىدىغان كىيىملەر ھەققىدە سوئال سورىدى. كىيىش چەكلەنگەن كىيىملەر ھەققىدە سوراش مۇھىم بولغاچقا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا بۇ ھەقتە، ئىھرام باغلىغۇچىغا چەكلىنىدىغان كىيىملەرنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنى كىيىش دۇرۇس دەپ جاۋاب بەردى. بۇ جاۋاب ئارقىلىق ئۇلارنىڭ زېھنىدە كۆپ ھۆكۈملەر ئېنىق بولدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئىھرام باغلىغاندا ئەر كىشىنىڭ كىيىشى چەكلىنىدىغان كىيىملەرنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ساناپ بەردى. كۆينەك، بەدىنىگە لايىق كېسىپ تىكىلگەن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى كىيىش دۇرۇس ئەمەس. سەللە، پەرەنچە ۋە بېشىنى يېپىپ تۇرىدىغان ھەر قانداق كىيىم، ئىشتان، تامبال، بەدەننىڭ قانداق بىر پارچىسىنى يېپىپ تۇرىدىغان كىيىم، تىكىلگەن بولسۇن ياكى يوگەلگەن بولسۇن، پەلەيدەك نەرسىلەر بۇنىڭغا كىرىدۇ. ئۆتۈك كىيىش دۇرۇس ئەمەس، مەيلى ئۇ تېرەدىن تىكىلگەن بولسۇن ياكى يۇڭدىن، پاختىدىن ۋە ياكى باشقا نەرسىلەردىن بولسۇن ئوشۇقنى يېپىپلا تۇرىدىكەن ئۆتۈك بولىدۇ. ئىھرام باغلىغاندا ئاياق تاپالماي پەقەت ئۆتۈكلا بولسا ئۇنىڭ قونجىنى ئوشۇقنىڭ ئۈستىدىن كېسىۋېتىپ ئاياق شەكلىدە قىلىپ كىيسۇن، دېگەن. ئاندىن رەسۇلۇللاھتىن سورالمىغان سوئالغىمۇ شۇ ۋاقىتنىڭ تەقەززاسى بىلەن بەزى ئىشلارنىمۇ بايان قىلىپ بەردى. ئىھرام باغلىغۇچى مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، كىيىم تىكىلگەن بولسۇن ياكى رەخ بولسۇن ئۇ زەئپىران ۋە ۋەرىستەك نەرسىلەر يەنى ھەرقانداق خۇش-پۇراق ئىشلىتىلمىگەن بولىشى كېرەك. ئاندىن ھەجدە ئايال كىشىنىڭ يۈزىنى نىقاب بىلەن ئېتىشى ۋە پەلەي كىيىشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى نىقاب ئارتمايدۇ، پەلەي كىيمەيدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4544